# تىيانشان رايونى بويىچە قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنى
# مەخسۇس تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسى

تىيانشان رايونلۇق پارتكوم ، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رايونىمىز تەۋەسىدە قانۇنسىز دىنىي تۈسنى ئالغان تەشۋىق بويۇملارغا زەربە بېرىش مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي ئۈن – سىن نەشر بويۇملىرىغا ھەم تېز ، ھەم قاتتىق زەربە بېرىش ،قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى مەخسۇس تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى

1 . ھەرقايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بۇ قېتىمقى قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەقەززالىقى ۋە مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىش لازىم . دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىپ قىلىش، تېررورلۇقنى پەش قىلىش ، غازات قىلىش ،مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش ، 5- ئىيول ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جەمئىيەت موقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنسىز دىنىي تۈستىكى نەشر بويۇملىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، رايونىمىزدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش . ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ. ياخشى بولغان مەدەنىي موھىت بەرپا قىلىش .

2. ھەر قايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى يۇقۇرى بېسىملىق ھالەتنى ئىزچىل ساقلاپ، سىياسىي ئالدامچىلىق ، ئىدىيەدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، تېررورلۇق قىلىش،ئاممىنى قايمۇقتۇرۇشتەك دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىكىگە زىيان سالىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنسىز دىنىي نەشىر بويۇملىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش .

3 . ئىجارىگە بېرىلگەن ئامبار ، دوكانلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ ،دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىياسىي تۈسنى ئالغان قانۇنسىز دىنىي تەشۋىق بۇيۇملىرىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا كۆپەيتىش كۆچۈرۈش ۋە ساقلاشتىن ساقلىنىش.

4. دىنىي تۈسنى ئالغان قانۇنسىز تەشۋىقات بويۇملىرى ( نەشىر بويۇملىرى ) غا نۇقتىلىق زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ھەرخىل تەشۋىقات شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە، 5 ـ ئىيول ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، ئىناقلىقى ، ئەمىن تاپقان جەمئىيەت ھالىتىنى تەشۋىق قىلىش .

5 .ھەرقايسى دىنىي پائالىيەت سورونلىرىدىكى دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگۈچى خادىملار ۋە دېمكوراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىدىكى ئەزالار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئىدىيە ھالىتىگە ھەرۋاقىت دىققەت قىلىپ ، تۇرۇشلۇق ساخچىخانا ، مەھەللە ئىش باشقارمىسى قاتارلىق تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ ، قانۇنسىز قىلمىشلار، گۇمانلىق كىتاپ ژورناللار بايقالسا ۋاقتىدا رايونلۇق مىللەتلەر دىنىي ئىشلار ئىدارىسى . ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ياكى تۇرۇشلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىغا دوكلات قىلىپ مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە تۇگۇتۇپ ، ۋاقتىدا بايقاپ ، ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ

ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم .

6. يۇقىرىدىكى مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن ، ھەر قايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . مەسئۇلىيەت تىگى كۈچلۈك بولماي مەركەزلەشتۇرۇپ تۈزەش خىزمەت ۋەزىپىسى ئەمەللەشمەي ، چوڭ ئىجتىمائىيلىقتا تەسىرى بولسا ياكى جەمئىيەت مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈلسە ، مىللەتلەر دىن ئىشلىرى تارماقلىرى،دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېمۇكراتىيە باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ .

7. مەسئۇلىيەتنامە ئىككى نۇسخا بولۇپ ، ئىمزا قويغان ھەر بىر تەرەپ بىر دىن ساقلايدۇ .مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە.

ئىمزا قويغۇچى ئورۇنلار :

تىيانشان رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى (تامغا)

مەسئۇل خادىم 木合塔尔 6501010050139

(تامغا)

دىنىي پائالىيەت سورونى:

دېمۇكراتىيە باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى:

2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى